# 36606 ـ ئايروپىلاندا ئېھراملىقنى كىيىش قىيىن بولۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

### سۇئال

ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ، ئايروپىلاندا ئېھراملىقنى كىيىش قىيىن بولۇپ قالسا، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېھرامنى نىيەت قىلىپ ئۆتىدىغان ئورۇننى بىلمىسە، ئېھرامنى جىددە شەھرىگە بارغاندىن كېيىن كىيسىمۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ، ئايرۇپىلانغا چىققان كىشى، ئالدى بىلەن ئۆيىدە يۇيىنىشى ۋە خالىسا ئېھراملىق كىيىمىنى كىيىشى كېرەك، ئېھرامنى نىيەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئازقالغاندا، مەقسەت قىلماقچى بولغان ھەجنى ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ قانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ، ئېھرامنى نىيەت قىلىدىغان ئورۇننى بىلمىسە، ئايروپىلان خادىملىرىدىن ياكى مەسئۇللىرىدىن ياكى شۇ ئورۇننى بىلىدىغان ئىشەنچلىك كىشى بولسا شۇنىڭدىن سورايدۇ. ئاللاھ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.